سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# باش شۇجى شى جىنپىڭ «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش»نى ئوتتۇرىغا قويدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چى شېڭ)** 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شياڭشى تۇجيازۇ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى خۇايۈەن ناھىيەسى پەيبى يېزىسىنىڭ شىبادۇڭ كەنتىگە كېلىپ، كەنت كادىرلىرى ۋە كەنت ئاھالىسى ۋەكىللىرى بىلەن بىللە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، سەممىي پاراڭلىشىپ، تەرەققىيات توغرىسىدا سۆزلەشتى، بۇ يەردە ئۇ تۇنجى قېتىم «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نامراتلارنى يۆلەشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، شوئار توۋلاشتىن قاتتىق ساقلىنىش، شۇنداقلا يەتكىلى بولمايدىغان نىشاننى بېكىتۋالماسلىق كېرەك.

«نەچچە ئون مىليون يېزا نامرات ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش مەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش.» باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتە، نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا ئىنچىكە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، نامراتلارنى يۆلەش بايلىقىغا قارىتا مەنبەدىن دەل توغرا تەقسىملەشنى يولغا قويۇش، نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا دەل جايىدا يۆلەشنى يولغا قويۇش، نامراتلارنى يۆلەش بايلىقىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىغا ھەقىقىي ئىشلىتىلىشىگە، نامرات رايونلارغا ھەقىقىي ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇ يەنە مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشنى بۈگۈنكىدەك دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىشنىڭ قىممەتلىك يېرى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇھىمى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشمۇ دەل جايىدا بولۇشتا. «يۆلەش ئوبيېكتى دەل جايىدا بولۇش، تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش دەل جايىدا بولۇش، مەبلەغ ئىشلىتىش دەل جايىدا بولۇش، تەدبىرلەرنى ئائىلىلەرگىچە قوللىنىش دەل جايىدا بولۇش، كەنتكە قاراپ ئادەم ئەۋەتىش دەل جايىدا بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى دەل جايىدا بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2015 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «كىمنى يۆلەش» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەقىقىي نامرات ئاھالىنى ئېنىقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات ئاھالە، نامراتلىق دەرىجىسى، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ، ئائىلىلەرگە قاراپ تەدبىر قوللىنىش، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىش كېرەك. «كىم يۆلەش» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، مەركەز بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) باش مەسئۇل بولىدىغان، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمەت مېخانىزمىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، ۋەزىپىنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باھالاش جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «قانداق يۆلەش» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، نامرات رايونلار ۋە نامرات ئاھالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، «بەش بىر تۈركۈم» قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن. ۋاقىت جەدۋىلى بېكىتىپ، تەرتىپلىك چېكىندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم ئارقىغا سوزۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەم ئالدىراقسانلىق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى نامرات ئاھالە ئەڭ كۆپ ئازايتىلغان دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مىڭ يىللىق تەرەققىيات نىشانىنى باشلامچىلىق بىلەن تاماملىغان دۆلەتكە ئايلاندى.

# سۈپەتلىك ماركا چاقنىدى   ماركېتنىڭ دەل جايىدا بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈچلەرنى مۇجەسسەملەپ «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسنى چاقنىتىپ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رايون خاسلىقىغا ئىگە بىر تۈركۈم ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسنى يارىتىپ، سۈپەتلىك ماركا ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

**■ بايلىق چوڭقۇر قېزىلىپ، ئۆزگىچە ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى**

11 ـ ئاينىڭ بېشىدا، 2019 تەكلىماكانى موتوسىكلىتلىق ئايلىنىش ئۆمىكىدىكى 30 مۇسابىقە ماھىرى خوتەننىڭ ئېگىز تاغ، قۇملۇقلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، جىلغا يارداڭ، تەكلىماكان قۇملۇقى، چۆل ـ جەزىرە ھەممىدە كوئېنلۇن قارلىق تېغى قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلىرى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن قانغۇچە بەھرىلەندى. «مەن نۇرغۇن جايلارغا بارغان، بۇ قېتىمقى خوتەندىكى كەچۈرمىشىم ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى» دېدى موتوسىكلىت ماھىرى شۇ يىفېي ھاياجانلانغان ھالدا.

ئۆزگىچە بايلىقنى تايانچ قىلىپ، ئالاھىدە ساياھەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى يارىتىشتىكى يولى. خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى كەسىپ تەرەققىياتى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن سۇگېبىي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يەرلىك ئالاھىدە ساياھەتتە «كوئېنلۇن پەلەك يولى» نۇقتىلىق بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە بايلىق چۆرىدىلىپ، خوتەن شەھىرىدە قۇملۇق توغراق مەنزىرە رايونى، لوپ ناھىيەسىدە تەكلىماكان قۇملۇقى شادلىق باغچىسى، چىرا ناھىيەسىدە قۇم دېڭىزى زۇمرەتكۆل مەنزىرە رايونى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەنزىرە رايونلىرى كۆنسېرى يېتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى تولۇق قېزىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسنى يارىتىش پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى.

«تۆپرىقى پاكىز قاناس، قار ماكانى ئالتاي» «ئىنسانلارنىڭ قار تېيىلىشى بارلىققا كەلگەن جاي» «جۇڭگو قار ماكانى»... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتاي ۋىلايىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەزلىك بەرپا قىلغان ساياھەت سۈپەتلىك ماركىلىرى. 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئالتايدا باشلانغان 14 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ قىشلىق ساياھەت كەسپى سودا كۆرگەزمىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قىشلىق ساياھەت كۆرگەزمىسىنى ئۇدا ئىككىنچى يىلى بىرلىشىپ ئۆستەنگە ئېلىپ ئۆتكۈزۈشى بولۇپ، يەنە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ قىشلىق ساياھەت مەنزىلگاھى بەرپا قىلىش نەتىجىسىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئالتاي ۋىلايىتى قىشلىق ساياھەت كەسپىنى ساياھەت كەسپىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، دۇنياۋى ساياھەت مەنزىلگاھى، دۇنيا قار ـ مۇز ساياھەت مەنزىلگاھى ۋە دۇنيا قار ـ مۇز تەنھەرىكىتى مەنزىلگاھىنى سىجىل بەرپا قىلدى. تۈتقا توغرىسىدا، شۇ جاينىڭ پىكىر يولى ئېنىق بولدى ــ يەنى مەۋقەنى ئۆزگىچە بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىشقا قويدى. «قار ـ مۇز ساياھىتىنىڭ نوپۇزى، شۆھرىتى، تەسىر كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇق» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ جۈنئەن.

**■ كۆپ نۇقتىدىن چېچەكلىتىلىپ، سەرخىل مەھسۇلات قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاراماي شەھىرىدىكى دۇنيا موگۈيچېڭى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى مىسلىسىز بولدى. ھازىر، دۇنيا موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونىنىڭ كېچىلىك ساياھەت چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى تۈرى تاماملاندى، ئىسسىق ھاۋا شارى، دىنامىكىلىق پاراشوت، پىرقىرىما قاناتلىق ئايروپىلان قاتارلىق تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ بوشلۇقتا سەيلە قىلىش تۈرىمۇ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان سېتىش نۇقتىسىغا ئايلاندى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالىدىغان ساياھەتچىلەر مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى.

بۇ يىل، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسى ساياھەت سەرخىل مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتتى، نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى.

A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونىدىن باشقا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى پامىر ساياھەت رايونىمۇ دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشنى پائال قولغا كەلتۈرمەكتە، سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى، جامبۇلاق مەنزىرە رايونىنى 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ بەرپا قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى ئۈگۈشلۈق بولماقتا.

سەرخىل مەھسۇلات ئەۋرىشكىگە ئايلانماقتا، شىنجاڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىلجىتتى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى، باغراش ناھىيەسى بۇ يىل مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇپ باھالاندى؛ ئالتاي شەھىرى، بۇرچىن ناھىيەسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىمۇ دۆلەت پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى تىرىشىپ بەرپا قىلماقتا...

ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسى پائال ھەرىكەتكە كەلدى، قاراماي دەرياسى ساياھەت ئىستراھەت رايونى، ئورقۇ ساياھەت ئىستراھەت رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ساياھەت ئىستراھەت رايونى بەرپا قىلماقتا؛ سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى، كۆكتوقاي مەنزىرە رايونى، قاناس مەنزىرە رايونى، مارالبېشى ناھىيەسى خۇڭخەي مەنزىرە رايونى، خېجىڭ ناھىيەسى كۈنەس مەنزىرە رايونى، باغراش كۆلى مەنزىرە رايونى قاتارلىق ئالتە مەنزىرە رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېكولوگىيەلىك ساياھەت ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلماقتا.

بۇ يىل، شىنجاڭ «S101 تىيانشان جۇغراپىيەلىك رەسىم كاردورى سەرخىل ساياھەت لىنىيەسى» «چېشى قەدىمىي يولى سەرخىل ساياھەت لىنىيەسى» «تاشقورغان ـ يەكەن قەدىمىي يول سەرخىل ساياھەت لىنىيەسى» «ئالتاي ـ قۇم كەنتى ساياھەت تاشيولى» قاتارلىق تۆت سەرخىل ساياھەت لىنىيەسىنى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، يېقىن كەلگۈسىدە، بۇ تۆت لىنىيە چوقۇم «مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى»دىن قېلىشمايدۇ.

**■ ماركېتنىڭ تەشۋىق قىلىنىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ياڭرىتىلدى**

ماركېتنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش خىزمىتى خوتەن مەدەنىيەت ـ ساياھەت تارماقلىرىنى تېخىمۇ ئالدىراش قىلىۋەتتى. بۇ يىل، خوتەن تيەنجىن شەھىرى ياشلار ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ ھەرقايسى دۇكانلىرىدا خوتەن ساياھىتىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى تەسىس قىلىپ، 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئەتىيازلىق ساياھەت كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ ئەتىيازلىق ساياھەت بايلىقىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، تيەنجىن، خېبېي، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ساياھەتنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى تەشكىللىگەن ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتى. خوتەننىڭ «دۇنيا قاشتېشى ماكانى. يىپەك يولىدىكى داڭلىق شەھەر» بولۇشتەك نوپۇزى ۋە شۆھرىتى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ياڭراتتى. بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مەدەنىيەت ـ ساياھەت مەسئۇل تارماقلىرى، مەنزىرە رايونلىرى، ساياھەت كەسپى جەمئىيەتلىرى، كارخانىلار، ساياھەت كوپېراتىپلىرىنى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە بېرىپ 50 نەچچە قېتىم ماركېتنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر ۋە غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمالدىكى كۆپ ساندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ھەم شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلارنى قاپلىدى.

بۇ يىل 9 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ «شىنجاڭ كۈنى» ساياھەت مەخسۇس مەيدان تونۇشتۇرۇش يىغىنى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى، مەدەنىيەت ئىجادىيەت تاۋارلىرى كۆرگەزمىسى، مەززىلىك تائاملارنى تېتىش، باھالاش قاتارلىق يۈرۈشلۈك كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا تەشكىللەپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە گۈزەل شىنجاڭنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدۇردى.

بۇ يىل، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى 1000 تۈردىن ئاشتى. شىنجاڭ ئەتىيازلىق ساياھەت كۆرگەزمىسى، ئالاھىدە ساياھەت بايرىمى، ئىلى تۇلپار بايرىمى، ئۇستىقۇددۇس بايرىمى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ـ ساياھەت بايرىمىدىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ كېلىشكە جەلپ قىلىپ، ساياھەت ئىستېمالىغا تۈرتكە بولدى. 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئەتىيازلىق ساياھەت كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە، ئۈيۈشتۇرغۇچى ئورۇن تۇرپان شەھىرى 755 مىڭ 700 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 367.06% ئاشتى؛ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 604 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 378.18% ئاشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەر خىل مەھسۇلاتلار ماركېتى، ھادىسە ماركېتى، ھېس قىلىش ماركېتى قاتارلىق تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ ئەۋجىگە چىقتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارمۇ «بىر جايدا بىر تەدبىر بولۇش» «بىر پەسىلدە بىر تەدبىر بولۇش» جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ قار ـ مۇز، يۇقراۋى قونالغۇ، مەدەنىيەت، قۇملۇق قاتارلىق ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقىغا بولغان قىزىقىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ساياھەت تەشۋىقات ماركېتى لايىھەسىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەڭشەپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىدىغان مېھمانلارنى جەلپ قىلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سەي دۇچياڭ: ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە جەڭ قىلغان يېچىك مۇھاپىزەتچىسى



سەي دۇچياڭنىڭ سۈرىتى. (ماتېرىيال سۈرەت)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكوۋ، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر چېن كەيزى)** خەيكوۋ شەھىرى چاڭدى يولىنىڭ جەنۇبىدىكى چاڭشاپو بۈگۈنكى كۈندە تىنچ، ئىناق بولغان دېڭىز بويىدىكى كىچىك كوچا. ئەمما بۇ كوچىدىكى ياشانغانلار 24 يىل ئىلگىرى خەلق ساقچىسى سەي دۇچياڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ھېلىھەم پات ـ پات ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولىدۇ: سەپدىشى ۋە ئەتراپتىكى ئاممىنى قوغداش ئۈچۈن، سەي دۇچياڭ جىنايەتچى ئۇنسۇرغا ئېتىلغاندا، ئىككى پاي ئوق بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە، ئۇ يەنىلا ئۆملەپ قوپۇپ قارانىيەتنى بويسۇندۇرۇشقا ياردەملەشكەن، كەينىدىنلا قان ئىچىگە يىقىلغان.

سەي دۇچياڭ، 1950 ـ يىلى تۇغۇلغان، خەينەن ئۆلكىسىنىڭ چيۇڭخەيدىن، 1991 ـ يىلى خەيكوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شىنخۇا شۆبە ئىدارىسى(ھازىرقى لۇڭخۇا شۆبە ئىدارىسى)دە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، قوشۇمچە جىنايى ئىشلار ساقچى چوك ئەترىتىنىڭ چوك ئەترەت باشلىقى، 2 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى بولغان.

ئۇنىڭغا ئوخشاش جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىدىغان خوتۇنى شېن جۈيىڭنىڭ تەسراتىدا، لاۋسەي چىش چوتكىسىنىڭ قىلى تۆكۈلۈپ تۈگەي دېسىمۇ ئالماشتۇرۇشقا قىيمايدىغان، ئەمما دائىم ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور دېلو نەق مەيدانىغا ئەڭ ئالدىدا ئېتىلىدىغان، دېلونى پاش قىلمىغۇچە ئۆيىگە قايتمايدىغان «خىزمەت مەستانىسى» ئىدى، ئائىلىسىدىكىلەر ھەركۈنى بۇنىڭغا «ئىدىيەسىدە تەييارلىق قىلىپ قوياتتى».

1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇزاقتىن بۇيان كۆزىتىلىۋاتقان بىر جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ چاڭشاپودا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات كەلگەن، سەي دۇچياڭ رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ قوغلاپ تۇتۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. چاڭشاپو 4 ـ نومۇر بىر كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە بولۇپ، يەر شەكلى پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ ئىدى. خەلق ساقچىلىرى يېتىپ بارغاندا، بۇ جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ ئاساسلىق گۇماندارى خۇڭ جېنچۈەن بىر ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدا تېلېفون ئۇرۇۋاتقانىدى، ئىككى نەپەر پۇقراچە كىيىنگەن رازۋېدكىچى ئەگىشىپ بارغان. بۇ چاغدا، خۇڭ جېنچۈەن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، يول تېپىپ قاچماقچى بولغان، رازۋېدكىچى شىڭ كۇڭخاۋ، ۋاڭ گۇاڭشېڭ، سۇن چېبياۋلار ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قورشىۋالغان. خۇڭ جېنچۈەن تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن، سەي دۇچياڭ ئەھۋالنى كۆرۈپ تېزلىكتە ئېتىلىپ كەلگەن. غالجىرلاشقان خۇڭ جېنچۈەن شىددەت بىلەن چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋالغان تاپانچىسىنى چىقارغان. سەپداشلىرى ۋە ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، سەي دۇچياڭ ئېتىلىپ بارغان. خۇڭ جېنچۈەن تەلۋىلەرچە ئوق چىقارغان، سەي دۇچياڭنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆكرەك قىسمى ۋە تۆۋەنكى قورساق قىسمىغا ئوق تەگكەن. ئوق تەگكەندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا قارانىيەتنىڭ داۋاملىق ئوق ئاتماقچى بولغان تاپانچىسىنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ، سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى تۇتۇۋالغان. ئارقىدىن سەي دۇچياڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان، ئەمما ئاخىرىدا زىيادە قانسىراپ كەتكەنلىكتىن قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 45 ياشتا ئىدى.

شېن جۈيىڭ دوختۇرخانىغا كەلگەندە، سەي دۇچياڭنىڭ بەدىنىگە ئاق رەخت يېپىپ قويۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى زالغا توشۇپ كەتكەنىدى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا دېلو يۈزبەرگەن ئىچكىرى كوچىدىن چىقىپ، دوختۇرخانىغا كەلمەي تۇرۇپلا، لاۋسەينىڭ قېنىنىڭ ئېقىپ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتقان. «ئۇ دائىم نەچچە ئايدا ئاران بىر قېتىم ئۆيىگە قايتاتتى، بىر خەلق ساقچىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىم كېرەك، پەقەت جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدە تۇرسىلا خاتىرجەم بولىمەن دەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى» دېگەن شېن جۈيىڭ.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، سەي دۇچياڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، خەينەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان.

2003 ـ يىلى، خەيكوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر قېتىملىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە، «خوتۇنۇم» دېگەن مۇزىكىغا ئەگىشىپ، شېن جۈيىڭ ساقچى فورمىسى كىيىپ، تۇل قالغان ئايالىلىق سالاھىيىتى بىلەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناپ، ۋاپات بولغان ئېرى سەي دۇچياڭنى ياد ئەتتى. مۇزىكا ئاخىرلاشماي تۇرۇپ مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلاپ كەتتى. بۇ يىل شېن جۈيىڭ 67 ياشقا كىردى. «ئۇ مېنىڭ پەخرىم، ئۇ مېنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىمغا يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى شېن جۈيىڭ.

2017 ـ يىلى، لۇڭخۇا شۆبە ئىدارىسىدىكى 100دىن ئارتۇق كادىر ـ ساقچى چيۇڭخەي شەھىرىگە بېرىپ ئىنقىلابىي قۇربان لاۋسەينىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈپ، ساقچىلىققا كىرىش قەسىمىنى قايتا ئەسلىدى. ئەينى يىلى قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان ياش خەلق ساقچىسى دۇڭ پېڭ مۇنداق دېدى: لاۋسەي ئىزچىل مېنى چارچاشنى ئۇنتۇپ، پاسسىپ كۈچنى تاشلاپ، ساقچى بولۇش ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)